# 166428 - ئاتا- ئانىسى قىزنى تۇغماسلىققا بۇيرىسا ئۇلارغا بوي سۇنۇش ۋاجىپ بولمايدۇ

## سوئال

بىر ئايال ئۆچىنچى بىر پەرزەنتلىك بولماقچى بولۇپ ئېرىگە مەسلىھەت سالسا، ئەر: سىزنىڭ خالىغىنىڭىزچە بولسۇن دەيدۇ، ئەر-ئايال ئىككىلىسى پەرزەنتلىك بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن، ئەمما ئايالنىڭ ئانىسى بۇنى رەت قىلىپ قىزنى تۇغماسلىققا تەۋسىيە قىلىپ جىدەللىشىدىكەن، ھەتتا بۇ سەۋەپتىن ئۇ ئايال قىزى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمەكچىمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن تۇغامدۇ ياكى ئانىسىغا ئىتائەت قىلىپ، تۇغۇشنى تەرك قىلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىرىنچى: ئىسلام شەرىئىتى نەسلىنىڭ كوپ بولۇشىغا قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب

قىلىش پرىنسىپىنى ئىلگىرى سۇرىدۇ. چۈنكى ئۈممەتنىڭ غالىبلىقى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ جۇملىسىدىن؛ ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولىشى، شۇنداقلا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغمۇقىيامەت كۈنىسى ئۈممىتىنىڭ كۆپلىكى بىلەن پەخىرلىنىش ھاسىل بولىدۇ. مەقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«مېھرى مۇھەببەتلىك، تۇغۇمچان ئاياللار بىلەن توي قىلىڭلار، چۈنكى مەن باشقا ئۈممەتلەر ئارىسىدا سىلەرنىڭ كۆپلۈكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن.»** [بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىئىرۋائول غەلىل ناملىق ئەسەرنىڭ 1784- بىتىدە سەھىھ دەپ قەيت قىلدۇ].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين -ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن- يۇقىرىقى ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمانلار تاقىتى يەتكىچە نەسلىنى كۆپەيتىشكە تىرىشىشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام «**«مېھرى مۇھەببەتلىك، تۇغۇمچان ئاياللار بىلەن توي قىلىڭلار، چۈنكى مەن باشقا ئۈممەتلەر ئارىسىدا سىلەرنىڭ كۆپلۈكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن»**» دېگەن سۆزى بۇنى كۆرسىتىدۇ. ھەم نەسلىنىڭ كۆپلۈكى ئۈممەتنىڭ كۆپلىكىدۇر، ئۈممەتنىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنىڭ غالىبلىقىنىڭجۇملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە ئۆزىنىڭ نىپمىتىنى ئەسلىتىپ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَاكُمْ أَكْثَرَ نَفِيرًا﴾ تەرجىمىسى: **«سانىڭلارنى كوپ قىلدۇق»** [سۈرە ئىسرا 6- ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿وَاذْكُرُوا إِذْ كُنتُمْ قَلِيلًا فَكَثَّرَكُمْ﴾ تەرجىمىسى: **«ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار.»** [سۈرە ئەئراپ 86- ئايەت].

ھېچقانداق ئادەم بىرەر ئۈممەتنىڭ كۆپلۈكى شۇ مىللەتنىڭ غالىبلىقى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۈممەتنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ پەقىر ۋە نامراتلىقىنىڭ سەۋەبى دەيدىغان ئادەملەر مەسلىنى خاتا تەسەۋۋۇر قىلغۇچىلاردۇر". [ئىسلام پەتۋالىرى 3- توم 190- بەت].

ئىككىنچى: ئاتا-ئانىنىڭ قىزىنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشىنى تەرك قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بولۇپ:

بىرىنچى سەۋەپ: نەسلىنى كۆپەيتىشنى چەكلەش بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىقىغا خىلاپتۇر.

ئىككىنچى سەۋەپ: نەسلى قالدۇرۇش ئەر- ئاياللارنىڭ ئورتاقھوقۇقىبولۇپ،ئۈچىنچى بىرشەخسنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئايال ئانىسىغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىشى ۋە ئەڭ گۈزەل مۇئامىلىدە بولىشى كېرەك.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر.